□پومپېئونىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار جۇڭگوغا قارشى سەپسەتىلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرىمىز

شىنجاڭ كىنوچىلار جەمئىيىتى

# كۆرۈنۈشلەر ئارقىلىق شىنجاڭ ئوبرازىنى تارقىتىپ، پومپېئونىڭ يالغان - ياۋىداق سۆزلىرىنى ئېچىپ تاشلايمىز

يېقىندا، ئامېرىكىنىڭ سابىق دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى پومپېئو «ئەسىر يالغان - ياۋىداق سۆزى»نى ئېلان قىلىپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتا «ئىرقىي يوقىتىش»نى يولغا قويدى، دەپ بوھتان چاپلىدى. ئۇنىڭ بۇ خىل قىلمىشى خەلقئارا قانۇن ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئاساسىي مىزانىنى ئېغىر دەرىجىدە دەپسەندە قىلغانلىق، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئېغىر دەرىجىدە ئارىلاشقانلىق، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھېسسىياتىغا ئېغىر دەرىجىدە ئازار بەرگەنلىك. شىنجاڭ كىنوچىلار جەمئىيىتى ھەم ھەر مىللەت كىنو سەنئەتكارلىرى، كىنو خىزمەتچىلىرى بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلەندى ۋە قەتئىي قارشى تۇرىدۇ!

شىنجاڭ كىنوچىلار جەمئىيىتى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت كىنو سەنئەتكارلىرى ۋە كىنو خىزمەتچىلىرىدىن تەركىب تاپقان خەلق تەشكىلاتى. كۆپ يىللاردىن بۇيان، ھەر مىللەت كىنو سەنئەتكارلىرى ۋە كىنو خىزمەتچىلىرى جەمئىيەتنىڭ مۇقىم ئىكەنلىكى، خەلقنىڭ خاتىرجەم ياشاپ خۇشال - خۇرام ئىشلەۋاتقانلىقى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ياخشىلىنىشقا يۈزلەنگەنلىكى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا نەتىجە - ئۈنۈمنىڭ قولغا كەلتۈرۈلگەنلىكى ھەمدە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ۋە غەمخورلۇق قىلغانلىقىغا ئائىت ھەقىقىي ۋە جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن كۆرۈنۈشلەرنى ئېكران ئارقىلىق كۆپچىلىككە نامايان قىلىپ بەردى. پومپېئونىڭ يالغان - ياۋىداق سۆزلىرى بۇ ھەقىقىي كۆرۈنۈشلەر ئالدىدا پۇت تىرەپ تۇرالمايلا قالماستىن، يەنە ئۆزىنىڭ رەزىل نىيىتىنى ئاشكارىلىدى. پاكىت مۇنازىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، پومپېئو قانداق يالغان - ياۋىداق سۆزلەرنى قىلىشىدىن قەتئىينەزەر، شىنجاڭنىڭ مۇقىم ئىكەنلىكى، تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىدەك پاكىتنى مەڭگۈ يوشۇرالمايدۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىدەك پاكىتنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ.

شىنجاڭ كىنوچىلىقى يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، كىچىكلىكتىن زورايدى، ھازىر ئاز سانلىق مىللەت كىنوچىلىقىنىڭ تەرەققىياتى تېز بولۇپ، تارىختىكى ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرگە قەدەم قويدى. شىنجاڭ كىنوچىلىرى بۇ مۇنبەت تۇپراقتا بولغان قىزغىن مۇھەببىتى، ۋەتەنگە بولغان مىننەتدارلىق ھېسسىياتى بىلەن سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا پائال ئاتلىنىپ، كامېرا ئارقىلىق رايون خاسلىقى ۋە مىللىي خاسلىققا ئىگە بولغان، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئامىمىنىڭ گۈللىنىش، تەرەققىيات ئۈستىدە ئورتاق ئىزدىنىۋاتقانلىقى، بەختلىك تۇرمۇشتىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇۋاتقانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىر تۈركۈم گۈزەل كۆرۈنۈشلەرنى خاتىرىلىدى.

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كىنو سەنئەتكارلىرى ئۆزلىرىنىڭ قالتىس ئىجادىيەت ئەقىل - پاراسىتىنى نامايان قىلىپ، جۇڭگو مىللىي كىنوچىلىقىنىڭ تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشتى. بۇ تۆھپىلەر دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەت كىنو ئىختىساسلىقلىرىنى تەربىيەلىگەنلىكىدىن كەلگەن. بۇ ئاز سانلىق مىللەت كىنو خىزمەتچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ شىنجاڭدا ياشاۋاتقان ھەقىقىي كەچۈرمىشلىرى ۋە ھەقىقىي ھېسسىياتىنى كۆرۈنۈش ئارقىلىق تارقىتىپ، شىنجاڭ ئوبرازىنى تولۇق نامايان قىلدى. يېقىندا، مەركىزىي رادىيو - تېلېۋىزىيە باش ئىستانسىسىنىڭ كىنو قانىلى «گۈزەل شىنجاڭ» باش تېمىسىدىكى كۆرسىتىشنى باشلىدى، تىيانشان كىنو ئىستۇدىيەسى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىشلىگەن «چىن مۇھەببەت» «پۇل دېگەن شۇنداق نەرسە» «تەكلىماكاندىكى ناغرا ساداسى» «يىراقتا قالغان چوپان ناخشىسى» قاتارلىق مۇنەۋۋەر كىنولار ئېكران ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان قىلىنىپ، دۇنيا خەلقىنى شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەت ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىۋاتقان روھىي قىياپىتىنى ھەمدە يېڭى دەۋردىكى تەرەققىيات، قۇرۇلۇش يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. بۇ كۆرۈنۈشلەردىكى ھېكايىلەرنىڭ ھەممىسى ئەتراپىمىزدىكى ھەقىقىي ئادەملەر، يۈزبەرگەن ھەقىقىي ئىشلارنى مەنبە قىلغان. ھەربىر جانلىق ھېكايىدىن كەڭ تاماشىبىنلار پارتىيەنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، غەمخورلۇقىدا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالايدۇ، بۇ ئېنىقكى، پومپېئو تارقاتقان يالغان - ياۋىداق سۆزلەرگە بېرىلگەن ئەڭ كۈچلۈك قايتۇرما زەربە.

بىز شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمىزكى، پومپېئونىڭ يالغان - ياۋىداق سۆز قىلىۋاتقانلىقىنى دۇنيا خەلقى چوقۇم تونۇپ يېتىدۇ. بىز شىنجاڭ كىنولىرى ئارقىلىق شىنجاڭ ئوبرازىنى تارقىتىپ، تېخىمۇ كۆپ كىشىگە شىنجاڭنى تونۇتۇپ، شىنجاڭنى چۈشەندۈرۈپ، كۆرۈنۈشلەر ئارقىلىق پومپېئونىڭ يالغان - ياۋىداق سۆزلىرىنى ئېچىپ تاشلايمىز.

# شىنجاڭنىڭ گۈللەنگەن، تەرەققىي قىلغان پاكىتنى بۇرمىلاشقا بولمايدۇ

□خوتەن سىفەن ئالىي تېخنىكومى كەسپىي تېخنىكا مائارىپى شۆبىسىنىڭ دوتسېنتى ئىلھام توختى

يېقىندا، ئامېرىكىنىڭ سابىق دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى پومپېئو شىنجاڭغا ئالاقىدار بىمەنە سەپسەتىلەرنى ئېلان قىلىپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتا «ئىرقىي يوقىتىش»نى يولغا قويدى، دەپ بوھتان چاپلىدى، بۇ پۈتۈنلەي تۇتۇرۇقسىز گەپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشقانلىق، خەلقئارا قانۇن ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئاساسىي مىزانىغا ئېغىر خىلاپلىق قىلغانلىق. بۇنى مەن كۈچلۈك ئەيىبلەيمەن ۋە قەتئىي قارشى تۇرىمەن!

شىنجاڭنىڭ گۈللەنگەن، تەرەققىي قىلغان پاكىتنى بۇرمىلاشقا بولمايدۇ. گۈزەل جۇڭگو شىنجاڭ تۇپرىقىدا، كۆك ئاسمان، ئاق بۇلۇتلار گۇۋاھ بولالايدۇكى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق گۇۋاھ بولالايدۇكى، پولاتتەك پاكىتلار گۇۋاھ بولالايدۇكى، شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرى ئۆزلۈكسىز تەرەققىي قىلدى، ئىلگىرىلىدى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇپ، بۇ تۇپراقتا ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، گۈزەل، بەختلىك تۇرمۇشنى ئورتاق ياراتماقتا، بۇلارنىڭ ھەممىسى راست!

پومپېئونىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ ھەممىسى ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان، ھەممىسى تۇتۇرۇقسىز يالغان - ياۋىداق سۆزلەر، يۈزدەيۈز قارا چاپلىغانلىق! شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلققە بوھتان چاپلىغانلىق! مەن پولاتتەك پاكىت بىلەن پومپېئونىڭ يالغان - ياۋىداق سۆزلىرىنى ئېچىپ تاشلايمەن.

مەن خوتەن سىفەن ئالىي تېخنىكومىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى. ئېسىمدە ئېنىق تۇرۇپتۇ، مەن باشلانغۇچ مەكتەپتىن داشۆگىچە ئىزچىل ھەقسىز ئوقۇدۇم، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر ئايدا يەنە تۇرمۇش ياردەم پۇلى بار ئىدى. پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ غەمخورلۇقى بولمىسا، كىچىك ۋاقتىمدىلا دادامدىن ئايرىلىپ قالغان مەن بەلكىم ھەتتا باشلانغۇچ مەكتەپتىمۇ ئوقۇيالمىغان بولاتتىم، داشۆدە ئوقۇش، مەكتەپتە قېلىپ داشۆ ئوقۇتقۇچىسى بولۇشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايتتى، مېنىڭ بۈگۈنكى بەختلىك تۇرمۇشۇم تېخىمۇ بولمايتتى. پارتىيەنىڭ غەمخورلۇقىدا، مەن ئىچكىرىدىكى داشۆگە بېرىپ ئىككى قېتىم بىلىم ئاشۇرۇپ، ئىلغار مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگەندىم، ئىلمىي تەتقىقات ئۇسۇلىنى ئىگىلىدىم، نەزەر دائىرەممۇ كېڭەيدى. بىزنىڭ ئۆگىنىش ۋە خىزمىتىمىز كۆڭۈللۈك، مەكتىپىمىزدىكى ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئىنتايىن ئىناق - ئىتتىپاق، كۆپچىلىك ئۆزئارا ياردەملىشىدۇ، ئۆزئارا ئۆگىنىدۇ. مەن ئۆگىنىش، خىزمەت جەريانىدا ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قىزغىن يېتەكلىشى ۋە ياردىمىگە ئېرىشىپ، مەخسۇس كۇرسنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىدىن پروفېسسور بولۇپ يېتىشىپ چىقتىم. مېنىڭ ئىككى بالام داشۆدە ئوقۇغان، ئوغلۇم بېيجىڭدا خىزمەت قىلىدۇ، قىزىم خوتەندە خىزمەت قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ناھايىتى بەختلىك.

مېنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمنىڭ ھەممىسى خوتەن شەھىرىنىڭ يۇرۇڭقاش بازىرىدىكى دېھقان. يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيان، ھەر قېتىم يېزىغا بېرىپ يۇرتداشلارنى يوقلىغاندا، مەن يۇرتۇمدىكى كۈنسېرى يېڭىلىنىۋاتقان ئۆزگىرىشلەرنى ھېس قىلالايمەن، ئاتا - بوۋىلىرىمىز تۇرغان كېسەك ئۆيلەر يېپيېڭى ئەمىن ئۆيگە ئۆزگەردى، ئوقۇش يېشىدىكى باللارنىڭ ھەممىسىنىڭ مەكتەپتە ھەقسىز ئوقۇشى ئىشقا ئاشۇرۇلدى، يوللار توپا يول، قۇم - شېغىللىق يولدىن سېمونت يول ۋە ئاسفالت يولغا ئۆزگەردى، يېزىلار شەھەر - بازارلىشىۋاتىدۇ. يۇرتداشلارنىڭ تۇرمۇشى كۈندىن - كۈنگە ياخشىلاندى، نۇرغۇن ئائىلىنىڭ شەخسىي ئاپتوموبىلى بار بولدى. كەنتتىكى ياشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بىردىن ماھارىتى بار، ئۇلارنىڭ ھەممىسى تېخىمۇ ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىۋاتىدۇ. تۇرمۇشى بېيىغاندىن كېيىن يۇرتداشلارنىڭ چىرايىدىكى تەبەسسۇممۇ كۆپەيدى.

شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرىمۇ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى، پارتىيە ۋە دۆلەت شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا بولغان سېلىنمىنى سىجىل زورايتتى. ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرىدا يۈزبەرگەن ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرگە گۇۋاھ بولدۇم، مەكتەپلەرنىڭ كۆلىمى ئۆزلۈكسىز تەرەققىي قىلدى، مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتى بارغانسېرى ياخشىلاندى، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ سەۋىيەسى ئۆزلۈكسىز ئۆستى.

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرمەكتە. مېنىڭ قارىشىمچە بۇ پاكىتلار پومپېئونىڭ يالغان - ياۋىداق سۆزلىرىنى ئېچىپ تاشلايدىغان پولاتتەك پاكىت! پومپېئو مەيلى قانداق يالغان - ياۋىداق سۆزلەرنى قىلسۇن، ھەق - ناھەقنى قانداق ئاستىن - ئۈستۈن قىلسۇن، ھەممىسى شىنجاڭنىڭ مۇقىم، تەرەققىي قىلىۋاتقان ئىنتايىن ياخشى ۋەزىيىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلالمايدۇ، ھەممىسى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىگە كاشىلا بولالمايدۇ!

# پومپېئو، ھەق - ناھەقنى يەنە ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەرمە

□شىنجاڭ سەنئەت يۇرتى ئوپېرا ئۆمىكىنىڭ دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك ئارتىسى گۈزەلنۇر قۇربان

ئىسمىم گۈزەلنۇر قۇربان، پارتىيەنىڭ مىللەت سىياسىتىدىن مەنپەئەتلەنگۈچى. 1982 - يىلى، 15 يېشىمدا مەن مەركىزىي تىياتىر شۆبىسىنىڭ ئاكتيورلۇق سىنىپىغا ئىمتىھان بېرىپ ئۆتتۈم، ئوقۇش پۈتكۈزۈپ شىنجاڭ سەنئەت يۇرتى ئوپېرا ئۆمىكىگە تەقسىم قىلىندىم. خىزمەتكە قاتناشقان 30 نەچچە يىلدىن بۇيان، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ يېتىشتۈرۈشى بىلەن، مەن بەزى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۈم، ھازىر دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك ئارتىس.

يېقىندا، پومپېئو شىنجاڭغا ئالاقىدار بىمەنە سەپسەتىلەرنى ئېلان قىلىپ، پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، تۇتۇرۇقسىز گەپ قىلىپ، شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا قەستەن تۆھمەت قىلدى، شىنجاڭنىڭ ئىنتايىن ياخشى ۋەزىيىتى ۋە ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىغا ھە دەپ قارا چاپلىدى، ئۇنىڭ مەقسىتى شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىش بولۇپ، نىيىتى ئىنتايىن رەزىل. شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىنىڭ قاتناشقۇچىسى، گۇۋاھچىسى ۋە مەنپەئەتلەنگۈچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن پومپېئونىڭ بۇنداق يالغانچىلىق قىلىشىنى ئادەتتىكە ئايلاندۇرۇۋالغان، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشقان، خەلقئارا قانۇن ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئاساسىي مىزانىغا ئېغىر خىلاپلىق قىلغان رەزىل قىلمىشىنى كۈچلۈك ئەيىبلەيمەن ۋە قەتئىي قارشى تۇرىمەن.

مەن شىنجاڭدا ياشاۋاتقان ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمەتچىسى، تۇرمۇشۇم ناھايىتى بەختلىك ئۆتۈۋاتىدۇ، ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىمدا ھەرقانداق شەكىلدىكى كەمسىتىش ياكى بېسىمغا ئۇچراپ باقمىدىم، ئەكسىچە كىچىكىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ھېس قىلغىنىم باراۋەر، ئادىل بولغان جەمئىيەت كەيپىياتى، ھېس قىلغىنىم شىنجاڭدىكى ھەممە ئادەمنىڭ باراۋەر پۇرسەتتىن بەھرىمەن بولۇپ، ھەممە ئادەمنىڭ گۈزەل كەلگۈسىگە ئىگە بولۇشى بولدى. 1982 - يىلى مەن مەركىزىي تىياتىر شۆبىسىگە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتكەندە، دۆلەت ئورتاق تىلنى بىر ئېغىزمۇ بىلمەيتتىم، ئەمما بۇ قىسقىغىنا تۆت يىللىق داشۆ ھاياتىمدا، ھەر مىللەت ساۋاقداشلىرىم ۋە ئوقۇتقۇچىلىرىمنىڭ ياردىمى، يېتىشتۈرۈشى بىلەن، مېنىڭ دۆلەت ئورتاق تىل سەۋىيەم ۋە كەسپىي ئىقتىدارىم ناھايىتى تېز ئۆستى. شىنجاڭ سەنئەت يۇرتى ئوپېرا ئۆمىكىدە مەن تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئەستايىدىل خىزمەت قىلدىم، تۆلىگەن بەدەللىرىم جاۋابقا ئېرىشتى، ئىلگىرىلىشىم ئېتىراپ قىلىشقا ئېرىشتى. پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تەربىيەلىشىدە، ھازىر مەن گوۋۇيۈەننىڭ ئالاھىدە تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولىدىغان مۇتەخەسسىسكە ئايلاندىم، شىنجاڭ دراماتورگلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولدۇم، كۆپ قېتىم چوڭ مۇكاپاتقا ئېرىشتىم ھەم جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئەخلاق ۋە سەنئەتتە تەڭ يېتىلگەنلەر ۋەكىلى، مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندىم. مېنىڭ بۇ شەرەپلەرنى قولغا كەلتۈرۈشۈم پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تەربىيەلىشىدىن ئايرىلالمايدۇ.

پومپېئو، مېنىڭ كەچۈرمىشىم سېنىڭ دېگەنلىرىڭنىڭ ھەممىسىنىڭ يالغان - ياۋىداق سۆز ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، سەن يەنە ھەق - ناھەقنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەرمە، بىزنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىمىزغا يەنە توسقۇنلۇق، بۇزغۇنچىلىق قىلىۋەرمە.

# تۇرمۇشىمىز كۈندىن - كۈنگە ياخشىلىنىۋاتىدۇ

□ئاتۇش شەھىرى قاراجول يېزىسى كەنئارال كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى زۇلپىيە غالىب

مېنىڭ ئۆيۈم تاغدا، ئۇ يەرنىڭ تۇپرىقى ئۈنۈمسىز، ئائىلىمىزنىڭ بىرنەچچە مو يېرىنى تېرىشقا تايىنىمىز، بىر يىلدا ھېچقانچە پۇل ئېشىنالمايمىز. كېيىن، مېنىڭ تاغلىق رايوندىن سىرتقا چىقىپ پۇل تاپقۇم كەلدى.

كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن، 2018 - يىلى 3 - ئايدا، مەن ئاتۇش شەھىرىگە كېلىپ، كەسپىي تېخنىكا مەكتىپىدە بىر يىللىق ھۆسن گۈزەللەشتۈرۈش، چاچ گۈزەللەشتۈرۈش بويىچە تەربىيەلەندىم. مەكتەپ بىزنى ئوقۇش پۇلى ۋە ياتاق بىلەن تەمىنلىدى، مەن يەنە 2000 يۈەن تۇرمۇش ياردەم تولۇقلىمىسى ئالدىم. مەن ھۆسن گۈزەللەشتۈرۈش، چاچ گۈزەللەشتۈرۈش كەسپىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرگەچكە، ھەر قېتىملىق دەرسنى تولىمۇ ئەستايىدىل ئاڭلىدىم. مەن ھەر كۈنى ئۆگىنىش خۇشاللىقىغا چۆمۈپ، ئۆگىنىش بىرقەدەر تەس ماھارەتلەرنى قايتا - قايتا مەشىق قىلدىم. بىر يىلدىن كېيىن، مەن ئوڭۇشلۇق ئوقۇش پۈتكۈزۈپ، ئوقۇش پۈتكۈزۈش گۇۋاھنامىسى ئالدىم، ئاتۇش شەھىرى سۇنتاغ يولىدا ھۆسن گۈزەللەشتۈرۈش، چاچ گۈزەللەشتۈرۈش خىزمىتى تاپتىم، تاماق، ياتاقنى كۆتۈرىدۇ، ھەر ئايدا يەنە 2500 يۈەندىن 3000 يۈەنگىچە مائاش ئالىمەن. ھازىر، تېخىمۇ كۆپ كىشى ماڭا ئوخشاش سىرتقا چىقىپ ئىشلەش ئارقىلىق تۇرمۇشىنى بارغانسېرى ياخشىلاۋاتىدۇ.

يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيان، مېنىڭ يۇرتۇمدىمۇ غايەت زور ئۆزگىرىش بولدى، كەڭ ئاسفالت يوللار ئىشىك ئالدىغىچە ياسالدى، ھەممە كىشى ئىشقا ئورۇنلىشىش، مائارىپ، داۋالىنىش، تۇرالغۇ قاتارلىق جەھەتلەردىكى خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرىدىن بەھرىمەن بولدى، سالامەتلىك تەكشۈرۈش ھەممە ئادەمنى قاپلىدى.

ئەمما، يېقىندا پومپېئو يەنە سەكرەپ چىقىپ، جۇڭگوغا قارا چاپلايدىغان، تۆھمەت قىلىدىغان سەپسەتىلەرنى ئېلان قىلدى. بۇلارنى كۆرۈپ ئىنتايىن غەزەپلەندىم، پومپېئو، سەن سېپى ئۆزىدىن ئالدامچى! مەن ساڭا شۇنى ئېيتىپ قويايكى، سېنىڭ سۇيىقەستىڭ ھەرگىز ئەمەلگە ئاشمايدۇ.

# بەختلىك تۇرمۇشىمىزغا قارا چاپلاشقا يول قويمايمىز

□ پىچان ناھىيەسىدىكى تەلىم-تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەلىنىشنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچى ئايشەم رۇسۇل

پومپېئو شىنجاڭغا ئالاقىدار بىمەنە سەپسەتىلەرنى ئېلان قىلىپ، پاكىتقا كۆز يۇمدى، ھەق - ناھەقنى ئارىلاشتۇرۇۋەتتى، ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلدى. تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەلىنىشنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن ئۆز كەچۈرمىشىم ئارقىلىق كۆپچىلىككە شۇنى ئېيتىمەنكى: پومپېئو پۈتۈنلەي ئاغزىغا كەلگەننى بىلجىرلاۋاتىدۇ!

ئىلگىرى، مېنىڭ قانۇن ئېڭىم سۇس، ھەق - ناھەقنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارىم كەمچىل ئىدى، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاچقا، مەندە نۇرغۇن خاتا قاراشلار شەكىللىنىپ، كۈنبويى قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرگە بېرىلىپ كەتكەنىدىم.

كېيىن ئېرىمنىڭ نەسىھەت قىلىشى بىلەن، مەن تەلىم - تەربىيە مەركىزىگە بېرىپ ئۆگىنىش - تەربىيەلىنىشكە قاتناشتىم. تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە ئۆگىنىش قىلغان، تۇرمۇش كەچۈرگەن كۈنلەر كۆڭۈللۈك ھەم ئۇنتۇلغۇسىز. ئۇ يەرنىڭ مۇھىتى رەتلىك، پاكىز، ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى تولۇق، تاماق، ياتاق، تۇرمۇش، ئۆگىنىش بۇيۇملىرى پۈتۈنلەي ھەقسىز، كېسەل كۆرسەتسەك شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى داۋالىنىش سۇغۇرتىسى سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولالايمىز، مۇئەللىم بىزگە بىلىم ۋە ماھارەتنى قولمۇقول ئۆگەتتى. ئۇ يەردە، مەن ھۆسن گۈزەللەشتۈرۈش، چاچ گۈزەللەشتۈرۈش كەسپىي بىلىملىرىنى ئۆگەندىم. ئۆگىنىش، تەربىيەلىنىش ئارقىلىق، مەن ئىلگىرىكى ئويلىرىمنىڭ پۈتۈنلەي خاتا ئىكەنلىكىنى، جەزمەن ئۇنىڭدىن يىراق تۇرۇپ، نورمال تۇرمۇش كەچۈرۈشۈم كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتتىم.

تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەلىنىشنى تاماملىغاندىن كېيىن، ھۆسن گۈزەللەشتۈرۈش، كۆتۈنۈش دۇكىنى ئېچىش ئويىغا كەلدىم. كەنت ئاھالە كومىتېتى مېنىڭ بۇ ئويۇمنى بىلگەندىن كېيىن، مېنىڭ ئۈسكۈنىلەرنى تەييارلىشىم، خېرىدار جەلپ قىلىشىمغا پائال ياردەم بەردى، شۇنىڭ بىلەن ئەنچىم تېخىمۇ ئاشتى. 2019 - يىلى مېنىڭ ھۆسن گۈزەللەشتۈرۈش، كۆتۈنۈش دۇكىنىم ئوڭۇشلۇق تىجارەت باشلىدى. بىر يىلدىن كېيىن، مەن 50 مىڭ يۈەن ياردەم ئۆسۈملۈك قەرز پۇلى ئىلتىماس قىلىپ، بىر قىسىم كۆتۈنۈش ئۈسكۈنىلىرىنى تولۇقلاپ سېتىۋالدىم، شۇنداقلا يەنە بەش شاگىرت تەربىيەلىدىم. ھازىر مەن ئايدا 8000 يۈەندىن 10 مىڭ يۈەنگىچە كىرىم قىلىۋاتىمەن.

تەلىم - تەربىيە مەركىزىگە رەھمەت، ئۇ مېنىڭ كۆزۈمنى روشەنلەشتۈرۈشۈمگە، ھەق - ناھەقنى ئېنىق ئايرىشىمغا ياردەم بەردى، ئىگىلىك تىكلەپ بېيىش يولىغا ئاتلىنىشىمغا قانات بەردى.

مەن پومپېئوغا شۇنى ئېيتىپ قويايكى، بىز شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ چوڭ ئائىلىدە ناھايىتى بەختلىك ياشاۋاتىمىز، بىز ئىگىلىك تىكلىسەك قەرز پۇل ئالالايمىز، ئۆي سالساق ياردەم تولۇقلىمىسى ئالالايمىز، باللىرىمىز ھەقسىز مائارىپتىن بەھرىمەن بولالايدۇ، ھەربىر ئادەمنىڭ داۋالىنىش سۇغۇرتىسى بار. بىزنىڭ پۇل تېپىش يوللىرىمىزمۇ بارغانسېرى كۆپەيدى، ھەمىيانىمىز بارغانسېرى تومپايدى. پومپېئو، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ئەتراپىمىزدا بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەر، سېنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىمىزغا ھۇجۇم قىلىشىڭغا، قارا چاپلىشىڭغا يول قويمايمىز.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)